# بانان پوستی



غونچیلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

بىر كۈنى ئالىمنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆيگە يېقىن دۇكاندىن بانان ئەكىرىشكە بۇيرۇپتۇ، ئالىم بانانلارنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە قايتىش يولىدا بانانىدىن بىر تال يەپتۇ.



ئۇ كۆڭلىدە: «ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلايمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، ئۇنى خالىغان جايغا تاشلىۋەتسەم ھېچنېمە بولماس» دەپ ئويلاپ بانان پوستىنى يەرگىلا تاشلاپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.



ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئارىدىن خېلى ئۆتۈپتۇ، ئەمما دادىسى ئىشتىن قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۆيدىكى ھەممەيلەن دادىسىنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىدىغان نورمال ۋاقتىدىن خېلىلا كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ.





www.uyghurkitap.com

ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، قوشنىلارنىڭ بىرى دادىسىنى پۇتى تېڭىلغان ھالدا يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ھەممەيلەن ئەجەپلەنگەن ھالدا دەرھال دادىسىدىن پۇتىنىڭ سۇنۇپ كېتىش سەۋەبىنى سوراپتۇ.



دادىسى: - بىرسى يولغىلا بانان پوستىنى تاشلاپ قويۇپتىكەن، كۆرمەستىن دەسسەپ ساپتىمەن، شۇنىڭغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى. ئاللاھ ئۇ كىشىنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، - دەپتۇ. ئالىم شۇ هامان چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ.



ئۇ خىجىل بولغان ھالدا دەرھال دادىسىدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۇنىڭ تېزراق ساقىيىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئەخلاقسىز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

سۆيۈملۈك دوستلار! ھەرقانداق ئەخلاقسىز ئىشنى كىچىك سانىماستىن قەتئىي يىراق تۇرىشىمىز كېرەك، چۈنكى بەزى ۋاقىتلاردا كىچىككىنە بىر خاتالىقىمۇ چوڭ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

